# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 2 ـ ئاي

28

جۈمە

维吾尔文 2 月28日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24985 ـ سان بۈگۈن 2 بەت


## شى جىنپىڭ موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى باتتۇلگا بىلەن سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر ياڭ يىجۈن)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى باتتۇلگا بىلەن سۆھبەتلەشتى.

شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ باتتۇلگانىڭ موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇبارەك بايرىمى بەيۈ بايرىملىق دەم ئېلىشتىن كېيىنكى بىرىنچى كۈنىلا جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى ھەم موڭغۇلىيە دۆلىتى خەلقىگە بايراملىق سالام يوللىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ جەرياندا موڭغۇلىيە دۆلىتى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەتتى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. زۇڭتۇڭ ئەپەندى يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن تۇنجى چەت ئەل رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەخسۇس جۇڭگوغا كېلىپ ھال سورىدى ۋە مەدەت بەردى، بۇ، زۇڭتۇڭ ئەپەندى ۋە موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە جۇڭگو خەلقىگە بولغان چوڭقۇر

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى يەنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى يەنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا چاقىرغان چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىق يولداشلار يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللاپ پۇل ئىئانە قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بوشاشماي تۇتۇش، بىر قولدا ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى بوشاشماي تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، سىجىل جەڭ قىلىپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك، قوش غەلىبىگە ئېرىشىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، ئىدىيەۋى تونۇشنى يۈكسەك بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ھەم پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتىنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقىنى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىش، ھەم يۇقۇمنىڭ قايتا يامراش خەۋپ ـ خەتىرىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمنى توغرا ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى، ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، باشتىن ـ ئاخىر كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، جەڭدىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پىسخىكىسى، بوشىشىپ كېتىش روھىي ھالىتىنى قەتئىي تۇسۇپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭىتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش كېرەك

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

مەرد مەيداندا سىنىلار، سادىق ئادەم بوران ـ چاپقۇندا بىلىنەر. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭ، تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ياخشى قىلىش ـ قىلالماسلىق، ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىش ـ قىلالماسلىق، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئۈچۈن مۇھىم، زور سىناق.

باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشقا بولغان رەھبەرلىكىنى جەزمەن كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى، بولۇپمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتىگە ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بىرىنچى چوڭ ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتتى، ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ۋاقتىدا تۈزۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش قوماندانلىقى، بىرتۇتاش ماسلاشتۇرۇشى، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەركەز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەم گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ قوماندانلىقىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، بۇيرۇققا قاتتىق ئەمەل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمى توغرا بولدى، تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋاقتىدا بولدى، قوللانغان تەدبىرلىرى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك بولدى. دۆلىتىمىزنىڭ بۇ مەيدان ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە كرىزىسىغا تاقابىل تۇرۇش ئەمەلىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە %70كە يېقىن كۆلەملىك سانائەت كارخانىسى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ يىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلەملىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى %68.5كە يەتكەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر ۋە ئالاقىدار كارخانىلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، يۇقۇمدىن ساقلىنىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن تەدبىر قوللىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ترانسپورت جەريانىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىپ، نۇقتىلىق ئېنېرگىيە كارخانىلىرىنى توك، كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭدىكى مەركەز كارخانىلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، بىخەتەرلىك، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن، كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەسىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانىلارنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، جىددىي ئېھتىياجلىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ماددىي ئەشيالىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، كارخانىلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك سۇ، توك، پار قاتارلىقلار بىلەن نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئىسرايىل ئىسمايىل تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: نازارىتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 160 كارخانىنى دۆلەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلىنىدىغان كارخانىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىپ، كارخانىلارنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۆۋەن ئۆسۈملۈك ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى مەدەتتىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.



2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)دا تۇرۇشلۇق كارخانا كاڭيۈەمېي ئاشلىق ـ ياغ (گۇرۇھى) خەيئاۋ ياغ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى يېمەكلىك ياغ ئىشلەپچىقارماقتا. بۇ شىركەت يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، كۈنىگە 200 توننا يېمەكلىك ياغ ئىشلەپچىقارماقتا.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

يۇقۇمدىن ساقلىنىشنى ياخشى ئىشلەش ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش

### ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىشلىرى ئىدارىسى:

## 13 تۈرلۈك تەدبىر كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە كۈچ قوشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىر**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىشلىرى ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىشلىرى ئىدارىسى يېقىندا 13 تۈرلۈك تەدبىر چىقىرىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە كۈچ قوشقان.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن نۇقتىلىق كارخانىلارغا قارىتا، باج ئىشلىرى تارماقلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشقا مەخسۇس كوللېكتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، توردا ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، باجغا چېتىشلىق دەۋا ـ تەلەپلەرنى بەلگىلەنگەن نۇقتا بويىچە نىشانلىق، دەل جايىدا يوللاپ، ئىگىلەپ، كارخانىلارنى باج ئېتىبارىدىن تېگىشلىك، تېز بەھرىلەندۈردۇ؛ ئاممىۋى ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈش زۆرۈرىيىتىگە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش زۆرۈرىيىتىگە، ئاممىنىڭ تۇرمۇش زۆرۈرىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا چېتىشلىق كارخانىلارغا قارىتا، تەۋەلەشتۈرۈپ تىزىملاش شەكلى بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، يېشىل يول ئېچىپ، نۇقتىلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ مۇقىم ئىشلەپچىقىرىلىشىنى، تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللايدۇ؛ ئەمگەك كۆچلۈك جۇملەشكەن ساھەلەردىكى كارخانىلارغا قارىتا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالاقىدار باج ئېتىبار سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كۈچ قوشىدۇ.

يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە چوڭراق ئۇچرىغان قاتناش ـ ترانسپورت، يېمەك ـ ئىچمەك، قونالغۇ، ساياھەتچىلىكتىن ئىبارەت تۆت خىل ساھەدىكى كارخانىلارنىڭ 2020 ـ يىلى كۆرۈلگەن زىيىنىغا قارىتا ئەڭ ئۇزاق ھېسابقا يۆتكەش يىل چېكى بەش يىلدىن سەككىز يىلغا ئۇزارتىلىدۇ؛

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شىنجاڭ(بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يەنە توققۇز يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 43كە يەتتى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، شىنجاڭ(بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە توققۇز ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى، ئىككىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى، ئۈچى بىڭتۇەن 4 ـ شىسىدىكى، بىرى بىڭتۇەن 6 ـ شىسىدىكى، ئىككىسى بىڭتۇەن 12 ـ شىسىدىكى ئاغرىق مىسالى.

بۇ توققۇز ئاغرىق دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئەڭ يېڭى ئۆلچىمىگە يەتتى، دەپ قارالدى.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 43كە يەتتى.

### ئاپتونوم رايون تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ مۇنداق تەلەپ قىلدى:

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، جاسارەت بىلەن قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا پائال تاقابىل تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)